# مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مۇھىمى ئادەتتىكى ۋاقىتتا، مۇھىمى سىردىششتا، مۇھىمى ھەرىكەتتە، مۇھىمى ئاساسىي قاتلامدا» ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئادىمىيەتلەشتۈرۈش، ئەمەلىي گەۋدىلەشتۈرۈش، ئاممىبابلاشتۇرۇش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، بەرپا قىلىش باش تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەرپا قىلىش يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، بەرپا قىلىش ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بەرپا قىلىش شەكلىنى بېيىتىپ، قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بەرپا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش جەمئىيەت كەيپىياتىنى زور كۈچ بىلەن يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ مۇجەسسەملەش.

«پىكىر»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىدە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى تۈپ يۆنىلىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ يول قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» باش نىشانىدا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، جەمئىيەت ئىتتىپاقلىقى قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش، ئىجابىي يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇش، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەشۋىقات تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇلۇغ ۋەتەننى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشكە يېتەكلەش كېرەك. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتنى خەلق مائارىپى، ئەخلاق قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت ئىجادىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيىسىنى دائىملاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى خەلق مائارىپى، كادىرلارنى تەربىيىلەش، جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا كىرگۈزۈپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت، باش تېما تەربىيىسىدىن ئىبارەت كۆپ تەرەپ بىر گەۋدىلەشكەن تەربىيىلەش سۈپىسى بەرپا قىلىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەشۋىقات ۋاستىسى ۋە شەكلىنى ياخشىلاپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى تاراتقۇدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئەمەلىي گەۋدىلەشكەن تەشۋىقات ۋاستىسى بەرپا قىلىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەشۋىقات تەربىيىسى تور بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، «ئالاقە تورى+مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولۇپ، توردا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئورتاق سۈپىسى بەرپا قىلىپ، ئالاقە تورى بوشلۇقىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەيدىغان يېڭى سۇپا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۆزئارا گىرەلىشىش شەكىلدىكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە مۇھىتى قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىللە ئولتۇراقلىشىدىغان، بىللە ئۆگىنىدىغان، بىللە ئىشلەيدىغان، بىللە كۆڭۈل ئاچىدىغان جەمئىيەت شارائىتىنى پائال بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىنى ئالماشتۇرۇش، يېتىلدۈرۈش، يۇغۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئايرىلماس ئورتاق گەۋدە شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەدەنىيەت كۆۋرۈكى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەت ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇشنى يېتەكلەش، ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. مول خاسلىققا ئىگە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» يۈرۈشلۈك ئەمەلىيەت تەربىيىسى پائالىيەت سۈپىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى بەخت ـ سائادەتنى ئاشۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلاپ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئېغىرلىق مەركىزىنى مەھەللە، يېزا، كەنت، مەكتەپ، كارخانا، لىيەندۈي قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا چۆكۈرۈش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون ۋە ئۈلگىلىك ئورۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك ئۈلگىلىك رايونلارنىڭ باشلامچى بولۇپ ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەڭ قەدەمدە بولۇشى، ئاممىۋى مۇلازىمەتتە تەڭ سۈپەتتە بولۇشى، قانۇنچىللىق كاپالىتىدە تەڭ ھوقۇقتا بولۇشى، مەنىۋى ماكانىنى تەڭ قۇرۇشى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى تەڭ بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، خاسلىقى روشەن بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن قۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قەتئىي قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

«پىكىر»دە مۇنداق تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت جان تومۇرنى قوغداش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلەري ۋە رەھبىرى كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ باھالاش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش كېرەك. سىياسەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توغرا يۆنىلىشلىك رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئۈلگە، نەمۇنىلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە تاللاپ تىكلەش خىزمىتى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاساسىي قاتلام 1 ـ سېپىگە مايىللاشتۇرۇش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنىڭ مەدەنىي شەھەرلەرنى ئۆلچەش ـ باھالاشتىكى ۋەزنىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش كېرەك.

# ئۈلگىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈلگىلەردىن ئۆگىنىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئۈلگە 4» مەخسۇس تېمىلىق پىروگراممىدا دىققەت «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىسىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ ئىلغار، تىپىك ئىش ئىزلىرى نامايان قىلىندى، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم «ئالاھىدە تۆھپىكار» جاڭ فۇچىڭ، «زىيان تارتىش بەدىلىگە پۇقرالارغا بەخت يارىتقان شۇجى» لى لېنچېڭ، «دەۋر ئۈلگىسى» خۇاڭ ۋېنشيۇ، «چوڭ كۆلدىكى ياۋا غاز» تاڭ جېنيا، «گەندە تارتقۇچى ئايال ئىشچى» لى مېڭ، «قويچى شۇجى» سۈي ياۋدا، «جاڭئې 4 ـ نومۇر تەتقىقاتىغا، سىنىقىغا قاتناشقان خادىملار توپى ۋەكىللىرى»دىن يى پېيجېن، سۈن زېجوۋ، لىۋ شىدىن ئىبارەت. ھەربىر شەخس قەلبلەردىن بىۋاسىتە ئورۇن ئېلىپ، ھەربىر ھېكايە كىشى قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا تەۋرەنمەي قەتئىي چىڭ تۇرۇشنى جانلىق ئىزاھلاپ، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېتىقادىنى چىڭىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھى قىياپىتىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي قايتا يولغا چىقىش، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش. ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى) بېيجىڭ يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جېڭشىياڭ مەھەللىسىنىڭ خىزمەتچىسى جوۋ شياۋجۈەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئۈلگە 4» پىروگراممىسىدىكى ھېكايىلەر كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردىكەن، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تەك قەتئىي ئېتىقادى نامايان قىلىنىپتۇ. بۇ بىزگە نىسبەتەن بىر خىل رىغبەتلەندۈرۈش بولۇپ، غەيرىتىمىزنى ئۇرغۇتتى. مەن ھەر ۋاقىت ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، ئاممىنىڭ كىچىك ئىشلىرىنى ئۆزۈمنىڭ چوڭ ئىشى دەپ بىلىپ، ئاممىنى رازى قىلىشنى نىشان قىلىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، تىرىشىپ ئادەتتىكى ئىش ئورنىدا قالتىس نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىمەن.

شىنجاڭ داشۆسى ئاخبارات ۋە تارقىتىش شۆبىۋەندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كاندىدات پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپلىرى «ئۈلگە 4»نى بىرلىكتە كۆردى. «ئۈلگە 4» بىر قېتىملىق تەسىرلىك، جانلىق، ئىستېرېئولۇق ئىدىيىۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى بولۇپ، بىزنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىي مەقسەتنى سۈرۈشتۈرۈپ قايتا يولغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.» بۇ شۆبىۋەننىڭ يېتەكچىسى لى گۇاڭپېڭ مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىمگە قويۇپ، روھ يېتىلدۈرۈپ ئادەم تەربىيىلەپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمەن.

ئۈلگىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ئۈلگىلەردىن ئۆگىنىش. چاقىلىق ناھىيىسى لوپنۇر كۆلى بازىرىنىڭ كادىرى فېڭ شىنخۇا «ئۈلگە 4»نى كۆرگەندە كۆپ قېتىم كۆز يېشى قىلدى. «پېشقەدەم قەھرىمان جاڭ فۇچىڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش تۆھپىسىنى 60 نەچچە يىل يوشۇرۇپ، ئۈن ـ تىنسىز بەدەل تۆلەپ، ھېچنېمە تەلەپ قىلمىغان، ئۇنىڭ روھى بىز پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. ئۈلگىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. مەن جان تىكىپ ئىشلەش روھى بىلەن ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىپ، يېڭى نەتىجىلەر ئارقىلىق يېڭى دەۋرگە شەرەپ كەلتۈرىمەن» دېدى فېڭ شىنخۇا.

«پىروگراممىدىكى ھەربىر ئۈلگىنىڭ ھەممىسى دەۋر ئۈلگىسى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئىزاھلىدى.» ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى مۇنىرە مەمەت مۇنداق دېدى: مەن ئۇلاردىن ئۆگىنىمەن، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، يېڭىلىق يارىتىپ تۆھپە قوشۇشتەك روھىدىن ئۆگىنىپ، ئىش ئورنۇمدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ باش تېما تەربىيىسىنى قانداق قانات يايدۇرۇشى توغرىسىدا ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۈنۈملۈك يېتەكلىدى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاپ، باش تېما تەربىيىسىگە يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە تۈرتكە بولدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار باش تېما تەربىيىسىدە دىققەتنى ئاساسىي لىنىيىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەلگىلەنگەن كىتابلارنى ئەينەن ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلىتى، ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى قاتارلىق تور سۇپىلىرىغا تايىنىپ، ئۈندىدار يىغىنى، ئۈندىدار دەرسخانىسى، ئۈندىدار پائالىيىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق باش تېما تەربىيىسىنى يۈكسەكلىككە، چوڭقۇرلۇققا، ھارارەتكە ئىگە قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، ئىدىيە ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشنىڭ قەلبلەرگە سىڭىشى، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچقا بىرلەشتۈرۈشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ شاڭخاۋجىيا يېمەكلىك سانائىتى چەكلىك شىركىتىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى ئىشلەپچىقىرىش ئاقما لىنىيىسىدىكى ھەرقايسى ئىش ئورنى، ھەرقايسى ھالقىلاردا «پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارتلار ئىش ئورنى» «پارتىيە ئەزالىرى مەسئۇلىيەت رايونى» تەسىس قىلىپ، «پارتىيە ئەزاسلىق سالاھىيىتىنى نامايان قىلىش، خىزمەتنى سۈپەتلىك ئىشلەش، ئىلغارلىق ئۈلگىسى تىكلەش» مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتا «بەسلىشىش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش، ئېشىپ كېتىش»تەك كەيپىياتنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. شىركەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لىيۇ مىڭ مۇنداق دېدى: «باش تېما تەربىيىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەتتىن ئىبارەت قوش چاقنى قوزغىتىشىدىكى ‹ماي قاچىلاش پونكىتى›، قانچە ئەمەلىي تۇتۇلسا، ئۈنۈمى شۇنچە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ».

ساۋەن ناھىيىسى ساۋەن سانائەت باغچە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى، ناھىيەلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ناھىيەلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق يەتتە تارماق(ئورۇن) ھەم 14 يېزا ـ بازار(مەيدان)نى تەشكىللەپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تىجارەت قىلىش ئەھۋالى ئېنىق بولۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق بولۇش، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق بولۇش، مەبلەغ چىقارغۇچى(مەسئۇل كىشى)نىڭ ئەھۋالى ئېنىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرمۇ ياچېيكىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ پارتىيە ئەزاسىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش بويىچە تۈزىتىش ئارقىلىق ساۋەن ناھىيىسى 12 مىڭ 633 ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلات ۋە 1396 ئىجتىمائىي تەشكىلاتتا، ئايرىم تەشكىللەپ قۇرۇش، بىرلەشتۈرۈپ تەشكىللەپ قۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يېڭىدىن 54 پارتىيە تەشكىلاتى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆپ خىل يوللارنى قوللىنىپ، پارتىيەۋىلىك قارىشى كۈچلۈك، تىجارەتنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى ئۇقىدىغان، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەشكە ماھىر 54 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، بولۇپمۇ باشقۇرۇش قاتلىمىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە ياچېيكا شۇجىسلىق ئىش ئورنىغا كۆرسىتىپ، «تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك» بولغان «قوش كۈچلۈك» تىپتىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى شۇجىلىرى قوشۇنىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى.

**■ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش**

باش تېما تەربىيىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىشنى ئەمەلىي خىزمەت بىلەن ئورگانىك يۇغۇرۇپ، نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى(شەھەرلىك سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى) سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى، نۆۋەتتە ئومۇمەن ئۈچتىن ئارتۇق رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بار، شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى(شەھەرلىك سودىگەرلەر باش ئۇيۇشمىسى) يەنە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يېتەكچىلىرى قوشۇنى قۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يېتەكچىسىدىن يەتتىنى 12 سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا تاللاپ ئەۋەتىپ، ئۇلارغا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى تەشۋىقاتچى، يېتەكچى، نازارەتچى ـ ھەيدەكچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى، ئۇچۇرچى، مۇلازىمەتچىلىك مەسئۇلىيەت ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى.

باغراش ناھىيەلىك پارتكوم مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى يەنىمۇ گەۋدىلىك كۈچەيتىپ، بەنزىنى كۈچەيتىش، قوشۇن قۇرۇش، قائىدە ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى. باغراش ناھىيىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە چاقىرغۇچى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىر تەرەپتىن پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە «كۆپ كۈچ كېتىدىغان» ئىش ئورنىدا كادىرلارنى چېنىقتۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردا پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، باش تېما تەربىيىسىدىكى تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلاردا ئېغىپ كەتمەسلىككە، قۇرۇق قاتردماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باش تېما تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق باغراش ناھىيىسى شىنتەي يېقىلغۇ گاز چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ شۇنفا مۇنداق دېدى: «پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ياخشى تۇتۇلۇپ، كارخانىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى كۈچەيدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنىمۇ مۇقىملاشتى، ئىستېمالچىلار تېخىمۇ ئىللىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەندى».

ئاقسۇ ۋىلايىتى 909 ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتتا باش تېما تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، چاقىرىق كۈچىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتتى. ھازىرغىچە، پارتىيە ئەزالىرى ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمىتىدىن جەمئىي 75 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇلدى، جەمئىي 7 مىليون 350 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىندى، 40 مىڭغا يېقىن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىندى، باغۋەنلەرنىڭ 30 مىڭ توننىدىن كۆپرەك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بېرىلدى، بۇلار ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنپى، شيا چېڭ، گېزىتىمىزنىڭ سانجى مۇخبىرلار پونكىتىدىن لىيۇ چيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار جاڭ پېيچى، گو چېڭ، دۇڭ چېڭجۇڭ يازغان)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەنە مەخسۇس يېتىپ كەلگەن فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرى كەچكى شەپەق نۇرى ئاستىدىكى گۈزەل مەنزىرىنى جىمجىت كۈتۈۋاتاتتى.

شىنجاڭدىكى تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى توغراقلىقنىڭ كۆلىمى 15 مىليون موغا يېتىدۇ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا كەڭ جايلاشقان بۇ يېپىنچا ئۈسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتىي كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپلا قالماي، دۆلىتىمىزدىكى بىرىنچى چوڭ قۇملۇق — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ تۇرىدۇ.

«بىز بەش دوست كۈزدىكى توغراقنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۆزىمىز ماشىنا ھەيدەپ چۆچەكتىن بۈگۈر ناھىيىسىگە كەلدۇق. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بىز ئالايىتەن توغراق يوپۇرمىقىنىڭ ساغىرىش ۋاقتىنى تەكشۈردۇق، بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئوبدان ھۇزۇرلىنىشنى ئويلاشتۇق» دېدى چۆچەكتىن كەلگەن ساياھەتچى لىيۇ جۈن.

تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، قۇملۇقنىڭ جەنۇب ـ شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان تارىم قۇملۇق تاشيولىدا ئائىلە ساياھەت ئاپتوموبىلى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپ بولدى. قۇملۇقتىكى توغراقتىن باشقا، ساياھەتچىلەر يەنە بۇ تاشيولدا كۆركەم، ھەيۋەتلىك تارىم قۇملۇق تاشيولى ئېكولوگىيە مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ تاشيولمۇ ئۆزگىچە قۇملۇق مەنزىرىسى، مىڭ يىللىق توغراق سەۋەبلىك «جۇڭگودىكى ئون ئەڭ گۈزەل تاشيول»نىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.